السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئۇكاز، مەجەننە ۋە زۇلمەجاز دېگەنلەر جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بازارلار ئىدى، كىشىلەر ھەج مەۋسۇملىرىدا تىجارەت قىلىشنى گۇناھ دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى: «پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدا تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ». سۈرە بەقەرە 198-ئايەت

ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇكاز، مەجەننە ۋە زۇلمەجاز دېگەنلەر نادانلىق دەۋرىدىكى بازارلار ئىدى، كىشىلەر ھەج مەۋسۇملىرىدا تىجارەت قىلىشنى گۇناھ دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى: «پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدا تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ». سۈرە بەقەرە 198-ئايەت

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ئورۇنلار ئىسلامدىن ئىلگىرى مۇشرىكلارنىڭ ھەج كۈنلىرىدە تىجارەت قىلىدىغان بازارلىرى ئىدى، ساھابىلار ھەج كۈنلىرىدە ئۇ جايلاردا تىجارەت قىلىشنى گۇناھ دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت قىلىشنىڭ شەرئى يول بىلەن ئادا قىلىنغان ھەج پائالىيىتىنى بۇزىۋەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. چۈنكى ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت قىلىسا بولىدۇ، لېكىن ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا پۈتۈن زېھنىنى بېرىش ئەلا، ھەممىدىن ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2755

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee